يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار دوختۇرلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ

# يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈردى



8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى تيەن لىشيا (ئوڭدا) بىلەن جاۋ جىنيەن (سولدا) يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى تەكشۈرمەكتە. □ ياڭ شو فوتوسى



8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى دوختۇرلار ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، بايرامنى ئالدىراش خىزمەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. □ چاڭ شۈخۇي فوتوسى

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 3 ـ قېتىملىق جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى. ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار تور ۋە تور سىرتىدا بىر قاتار تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت تىببىي خىزمەتچىلەرنى بايراملىق تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا سالام يوللىدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى خەلقئارا دوختۇرخانىسى جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمىلىق سۆھبەتلىشىش يىغىنى ئالماشتۇرۇش ۋە باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بارلىق خادىملارنى ئۇدا جەڭ قىلىشتەك قەيسەرانە ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش ھالىتىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

«خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش.» بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئېغىر كېسەللەر تىببىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يەنجۈن بۇ سۆزنىڭ ئۆزىنى ئىنچىل رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ۋاڭ يەنجۈن مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلىمىنى يېڭىلاپ، ئۆگەنگەنلىرىمنى ئارقىلىق جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىمەن».

بۇ دوختۇرخانا بىرىنچى سەپتىكى دوختۇر ـ سېستىرالارنى ياخشى كاپالەتلەندۈرۈپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەنمۇ ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى ئېچىپ، بىرىنچى ۋاقىتتا دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى ۋۇ جىنپىڭ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى، خوتۇنى باشقا يەردە خىزمەت قىلاتتى. دوختۇرخانا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ مەھەللە بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆيىدىكى بالىسىنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەردى.

«دوختۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى تاللىغان ئىكەنمەن، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا ‹چوڭ ئائىلە› بىلەن ‹كىچىك ئائىلە›نىڭ ئىككىلىسىگە تەڭ ئېتىبار بەرگىلى بولمايدۇ.» ۋۇ جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «ساغلاملىققا رىشتە باغلايمىز، ھاياتلىققا تىرەك بولىمىز. بۇ، تىببىي قەسەم، شۇنداقلا بىزنىڭ قەسىمىمىز».

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى توردا جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ھەم تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ دوختۇرخانا سىن ئارقىلىق 2020 ـ يىللىق ئىلغار يېتەكلەپ ئوقۇتۇش بۆلۈمى، مۇنەۋۋەر يېتەكلەپ ئوقۇتۇش ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ باھالانغانلارنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

بايرامدا، بورتالا ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىدىكى تىببىي خادىملار ئىش ئورنىدا ئىلگىرىكىدەكلا چىڭ تۇرۇپ، قىلچە بوشاشمىدى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى يىن مىڭ مۇنداق دېدى: «ھەربىر قېتىملىق تىرىشچانلىق كۆرستىش ئەسلىي مەقسەتتە چىڭ تۇرغانلىق، ھەربىر قېتىملىق ئىلگىرىلەش ئارزۇغا بولغان ئىنتىلىشتۇر. تىببىي خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز چوقۇم چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەربىر ئاغرىققا ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزىدىغان روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھاياتلىقنى قوغدايمىز».

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى تەنتەنىلىك قەسەم بېرىش ساداسى ئىچىدە باشلاندى. دوختۇرلار ۋەكىللىرى ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاراڭلىق قەسەمنى بىلەن، دوختۇرلارنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتكە، ئاغرىقلارغا بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسىنى ئىپادىلىدى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئادىلە تۇردى قەسەم بەرگەندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەسئۇلىيىتىمنىڭ مۇھىم، زورلۇقنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، تىببىي خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جەزمەن پارتىيە ۋە خەلق بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى كەم ـ كۈتىسىز ئورۇنداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايمەن».

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى ئاممىۋى سۈپىسىدا تىببىي خىزمەتچىلەر ئۆزى تەييارلاپ، ئۆزى رىژىسسورلۇق قىلغان «مېھىر ـ مۇھەببەت نامى بىلەن» ناملىق سىن ئېلان قىلىندى. بۇ بەش مىنۇتلۇق سىندا، تىببىي خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتكە دوختۇرلاردىن ئىبارەت بۇ ئاددىي ھەم ئۇلۇغ كىشىلەر توپىنى نامايان قىلىپ، ئاممىغا دوختۇرلارنىڭ ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش داۋامىدا ئۈن ـ تىنسىز ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرستىپ بەردى. تورداشلار قالدۇرغان سۆزلەردە تەسىرلىنىش، رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش سۆزلىرى كۆپ تىلغا ئېلىندى.

سانجى ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى جىددىي داۋالاش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لى دىخۇاننىڭ جىددىي داۋالاش بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 30 نەچچە يىل بولدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ لۇغىتىمدە كۈندۈز، كېچە ۋە ھەپتە ئاخىرى دېيىدىغان سۆز يوق، جىددىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋېلىشنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، جەزمەن تېزدىن جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلىنىمەن. مەن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرستىپ ھەربىر ھاياتلىقنى قوغدايمەن».

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، بىڭتۇەن 13 ـ شىسى خۇڭشىڭ دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتى دوختۇرخانىدىكى 38 بۆلۈمگە تورت ۋە سۈت ئاپىرىپ بەردى ھەم دوختۇرلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى. «بىز ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدۇق، بىز تېخىمۇ تولۇپ تاشقان خىزمەت قىزغىنلىقى بىلەن، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايمىز» دېدى خۇڭشىڭ دوختۇرخانىسى ھەزىم قىلىش يولى ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يې لىنا.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇۋاتقان تىببىي خادىملار، ساقچى ئىشلىرى خادىملىرى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلارغا بولغان رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قورغاس ناھىيەسى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك توردا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

قورغاس ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ شىياڭخۇڭ ۋېيشىن توپىدا پېشقەدەم كادىرلار شېئىر ئەسەرلىرىنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلدى. قورغاس ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى جۇ شىنرۇڭ مۇنداق دېدى: «شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش پائالىيىتىدە ئاساسلىقى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى كۈيلىدۇق، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرنى مەدھىيەلىدۇق، كۆپچىلىكنىڭ قاتنىشىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى».

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جىڭ بو، شيا چىڭ، بورتالا مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ شياۋمىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ ۋېي، ۋاڭ ۋېن، جاڭ چىنجۈەن، ما چيەن يازغان)**



8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا، مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇتەخەسسىسى جاۋ جيەنپىڭ (ئوڭدىن 1 ـ كىشى) بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇتەخەسسىسى ياڭ يىنىڭ (ئوڭدىن 2 ـ كىشى) بىرلىكتە ياتاق تەكشۈرمەكتە. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شيې لۇڭ فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نەپەس يولى ۋە خەتەرلىك ئېغىر كېسەللەر تىببىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاۋ جيەنپىڭ كېسەللىك تارىخىنى ۋاراقلاپ، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى ياڭ يىنىڭ قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە ICUدىكى ئېغىر ئاغرىقلار، خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلدى.

بۇ ئانچە چوڭ بولمىغان خىزمەت پونكىتىدىكى ئۇزۇن ئۈستەل ئالدىغا مەملىكىتىمىزدىكى ئالدىنقى قاتاردا داڭلىق تىببىي مۇتەخەسسىسلەر يىغىلدى، ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ مۇدىرلىرى بۇ تېپىلغۇسىز ئۆگىنىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇردى، پىكىر يۈرگۈزدى.

تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش يىغىنىدا، مۇتەخەسسىسلەر ئاغرىق مىساللىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىزمەت پونكىتىنىڭ چوڭ ئېكرانىدا ئىككى ئېغىر ئاغرىقنىڭ كارىۋاتتىن چۈشۈپ شىنجاڭ ئۇسسۇلى ئوينىغان كۆرۈنۈشى پەيدا بولۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر قىسىم جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتتى، مۇتەخەسسىسلەر بەس ـ بەستە ئالقىش ياڭراتتى. «شىنجاڭ ئۇسسۇلىمۇ داۋالاشتىكى ياخشى دورا» دېدى جاۋ جيەنپىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئېغىر ئاغرىق مىساللىرىنى بىر ـ بىرلەپ مۇزاكىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئاغرىقلار رايونلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ئاغرىقلار رايونىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، «مەن تۇرۇشلۇق ئاغرىقلار رايونىدا 13 ئادەمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى مۇقىملاشتى، ئەتە توققۇز ئادەم دوختۇرخانىدىن چىقىدۇ.» بۇنداق خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ياڭ يىنىڭ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئاغرىقلار سانىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاغرىقلار رايونى بىرلەشتۈرۈلىدىغان بولدى. دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى تىببىي مەمۇرىيەت ـ تىببىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جاڭ زۇڭجيۇ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇپ داۋالاپ، ‹نۆل يۇقۇملىنىش›نى داۋاملاشتۇرۇپ، غەلىبىلىك جەڭ قىلىمىز».

دۇ بىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «شىنجاڭدا بۇ ئالاھىدە دوختۇرلار بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى تىببىي خادىملار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ جەڭ قىلدۇق. بىز مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، ئاغرىقلارنى ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىمىز».

«دوختۇرنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ئاغرىقنىڭ يېنىدا بولۇش.» دۇ بىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ مۇداپىئە كىيىمىنى كىيىپ، ICU ئاغرىقلار رايونىغا كىرىپ ياتاقلارنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

جاۋ جيەنپىڭ بىلەن ياڭ يىنىڭ 5 ـ نومۇرلۇق بىنانىڭ ئادەتتىكى ئاغرىقلار رايونىدا ياتاق تەكشۈرۈشنى پىلانلىدى. «ئادەتتىكى ئاغرىقلار رايونىدىكى بەزى ئاغرىقلارنىڭ قوشۇلما كېسىلى بار بولۇپ، بىر ئاغرىقنىڭ يۈرەك تىقىلمىسى ئۈچ قېتىم تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، ھەممىسى پروفېسسور ياڭ يىنىڭنىڭ ياردىمىدە بىر تەرەپ قىلىندى. ئاغرىقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى مۇقىم» دېدى 4 ـ ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى شيا يۈ.

«خۇددى ئادەم يار لېۋىدە ماڭغانغا ئوخشاش، سەللا دىققەت قىلمىسا تېيىلىپ چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. بىز جەزمەن ھەربىر تەپسىلاتنى تەڭشەپ، لايىھەنىڭ تېخىمۇ ئەلا، تېخىمۇ دەل، توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك» دېدى ياڭ يىنىڭ.

33 ـ نومۇرلۇق كېسەل كارىۋىتىدىكى ئاغرىق ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىرگەن مۇتەخەسسىسلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى. «بۈگۈن مۇدىر دوختۇرخانىدىن چىقسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بەك خۇش بولدۇم. بۈگۈن دوختۇرلار بايرىمى، مەن قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمىدىم. سىلەرگە تەزىم قىلاي، دوختۇرلار بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! تىنچ ـ ئامان بولغايسىلەر!»

چوڭقۇر تەزىم قىلىش ئاغرىقنىڭ ئەڭ سەممىي رەھمىتى.

«يېقىندىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نۆل بولغانلىقىغا دائىر دوكلات ئېلان قىلىندى، بۇ مېنىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيانقى ئەڭ خۇشال بولغان بىر كۈنۈم.» ئەزەلدىن كەسكىن جاۋ جيەنپىڭنىڭ چىرايىدا ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈلمىگەن تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

«سىلەرنىڭ ساغلاملىقىڭلار ئەڭ قىممەتلىك بايراملىق سوۋغات» دېدى ياڭ يىنىڭ ئاغرىققا.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يەتتە يۇقۇملانغۇچىنى تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 524، تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 133 بولۇپ، جەمئىي 657.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۆرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرتىپتە يولغا قويۇلغان 7 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)